# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1

1997

// ئىزدىنىش (تاللانما) 1997-يىل 1-سان
(ئومۇمىي 103-سان)
(ئايلىق ژۇرنال)

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 1-سان

(ئومۇمىي 103-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 19-، 20-، 22-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان بىرقانچە تەسىراتلار ......................... دىڭ گۇەنگېن**(2)

نامراتلىقنى تۈگىتىش—ئۇلۇغ ۋە جاپالىق تارىخىي ۋەزىپە .................... چېن جۈنشېڭ(24)

يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىرقانچە مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە ........................................ **ۋاڭ ماۋلىن**(38)

**★1-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكتىرونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان بىرقانچە تەسىراتلار

دىڭ گۇەنگېن

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە ئېچىلدى، يەنى 9-بەش يىللىق پىلان باشلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە بارلىق ئىشلار چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا ئېچىلدى. ئومۇمىي يىغىن «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»، «پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى قارار»لارنى چىقاردى، يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز سۆزلىدى. ئومۇمىي يىغىن ناھايىتى ياخشى ۋە نەتىجىلىك ئېچىلدى؛

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، 3-، 4-، 5- ئومۇمىي يىغىنلاردىن كېيىن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان مۇھىم يىغىندۇر؛ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان مۇھىم يىغىندۇر؛ پارتىيىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر قاتار جىددىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم يىغىندۇر. بۇ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى، رەھبەرلىكىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

بۇ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ناھايىتى ياخشى بىر «قارار»نى ماقۇللىدى. «قارار» ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ،

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىيەت ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى، نىشان-ۋەزىپىسىنى، ئاساسىي فاڭجېن ۋە مۇھىم چارە-تەدبىرلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. «قارار»دا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراستى مەركەزلەشكەن، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى، ئۇزۇن مەزگىللىك يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرساقلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

## 1. ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرى، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىش كېرەك

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، جىددىيلىكىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى، مۇشكۈللۈكىنى توغرا تونۇش — 6-ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىشتە تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىگە قانداق قاراش كېرەك؟ «قارار»دا ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرى، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىشىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ۋە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كۆزىتىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزنى ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرى، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى بولۇپ، ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتكە قاراش بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ كونكرېت تەتبىقلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تاشقى مۇھىتى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان تەسىرىنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۈرستى ۋە يۈزلىنىدىغان ئىنقاكرچىلىكى، نەتىجىسى ۋە مەسىلىلىرى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن ئىنتايىن زىچ

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى پەقەت ئىككى ئومۇمنى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ، بىر تەرەپلىملىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئەمەس بەلكى ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن، قۇرۇق پەرەز بىلەن ئەمەس بەلكى تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن، جىمجىتلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئەمەس بەلكى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ماھىيەتنى تۇتۇپ، ئاساسلىق بىلەن ئاساسلىق ئەمەسلىرىنى پەرقلەندۇرۇپ، يۈزلىنىشنى ئىگەللەپ، توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان 18 يىللىق ئەمەلىيەت دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى. «قارار»دا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ”ئىككى ئۇلۇغ مۇساپە“نى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئىككى مۇساپە جەريانىدا، بىز سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا، بېكىنمىچىلىكتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشتىن ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشقا ئۆتۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلىدۇق. بۇ ھەممە كىشىگە ئايان، خەلقئارادىمۇ بىردەك ئېتىراپ قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش ۋە مىللىي روھىي ھالىتىمىزدە بولغان چوڭقۇر ئۆزگىرىشتىن ئايرىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ 18 يىل مابايىنىدە پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى شەكىللەندۇردى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تۇرغۇزدى، ئامىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان ئىجادچانلىق روھى جانلاندى، مىللىتىمىزنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھى جارى قىلىندى، بۇلار ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى كۈچلۈك نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك، روھىي ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە چوقۇم بۇ ئاساسىي ئېقىمنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئەگەر مەسىلىلەرنى بۇنداق كۆزەتمىسەك، ئۇ ھالدا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تارىخىي ئورنىنى توغرا تونۇغىلى بولمايدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى غايەت زور تەرەققىياتنى ئىلمىي چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىي خىزمەتلەردىن قارىغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئالغا باسماقتا، ھەم تەرەققىي قىلماقتا. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى باشلىنىشى بىلەنلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى تەكىتلەپ، پۈتۈن پارتىينى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلىدى. ئەمما

ئېجرا قىلىنىش جەريانىدا بىر قولدا چىڭراق تۇتۇش، بىر قولدا بوشراق تۇتۇشتەك ئېزچىل بولمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۆپ تەرەپتىن كۈچەيتىپ، ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قاتار مۇھىم چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تېز ئالغا ئىلگىرىلەپ ۋە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ خېلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز، بۇ مەسىلىلەرگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن غايەت زور ھاياتلىق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئېلىپ كەلدى. بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ، مۇھىمى، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. پايدىلىق تەرىپىنى جارى قىلدۇرۇپ، زىيانلىق تەرىپىنى تۈگىتىشىمىز، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. نېمە مەسىلە بولسا، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. كونا مەسىلەر ھەل بولسا، يەنە يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ، شۇڭا، بوشاشماستىن داۋاملىق تۇتۇش قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانى خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيمەكتە، ئاساسىي ئېقىم ياخشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. «قارار» دا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان: 18 يىلدىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى كۆرمىگەندە، ئىشەنچنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ، بۇ — خاتا؛ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى كۆرمىگەندە، ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ، بۇ — خەتەرلىك. بىز تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا ئىشەنچىمىزنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

«قارار» ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، جىددىيلىكىنى تەكىتلىگەن، ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى، مۇشكۈللۈكىنى چوڭقۇر بايان قىلغان. «قارار» نىڭ 3-ماددىسىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەب يىغىنچاقلانغان، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم سىناقلار كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قاراپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇندىن كېيىنكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىش لازىم بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك تېمىدىن ئىبارەت.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش چوڭ بىر ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر. ماددىي مەدەنىيەت ئاساس بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە چىڭ تۇرۇش، ھەرگىز تەۋرەنمەسلىك كېرەك، ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەتنى ياخشى ئېلىپ بارمىغاندا، ماددىي مەدەنىيەتمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي رەۋىشتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ پىلانىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئېشىشىغا ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. پەقەت ماددىي مەدەنىيەتنى تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتماسلىققا بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ماددىي مەدەنىيەتنى تۇتۇپ، كېيىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ بىر مەھەللىك تەرەققىي قىلىشىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ئاستىدا، غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“نى ئېلىپ بېرىشى بىلەن زېمىنىمىزگە چۈشكەن بېسىمغا تاقابىل تۇرۇپ، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىمىز، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان ھەم دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۆلەت ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدىغان ھەم دۇنياغىمۇ يۈزلىنىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىمىز، بۇ ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخىي جەريان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرنىڭ ھارماي-تالماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىشكە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىشكە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بازار ئىگىلىكى قانچە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى شۇنچە كۈچەيتىلىشى كېرەك؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قانچىلىك كۈچەيتىلسە، بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شۇنچىلىك پايدىلىق.

يەنە شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. توغرا غايىنىڭ تىكلىنىشى، ئالىيجاناب روھنىڭ يارىتىلىشى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى، ئېسىل ئىستىلنىڭ شەكىللىنىشى تەدرىجىي توپلىنىش، قەدەممۇقەدەم ئالغا بېسىش

جەرياندىن ئىبارەت. بىز نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىز كېرەك. بىز ئۆزىمىزدە ھەم تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشىمىز، ھەم ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى بوشاشماي ئەستايىدىل تۇتساقلا، ھامان چارە-ئامالنى تاپالايمىز؛ پىرىم يولدا توختىماي ئىزچىل چىڭ تۇتساقلا، ھامان نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.

## 2. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان ۋە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋاتقان شارائىتتا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىر تۈرلۈك ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىش. توغرا يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. «قارار» دا مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق بولغان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مەلۇماتىنى ئۆستۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. يۇقىرىدىكى بايان نەزەرىيە ئاساسى، لۇشيەن-فاڭجېن، ئاساسىي ۋەزىپە، تۈپ نىشاندىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يادرولۇق يېرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە

چىڭ تۇرغانلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيە بىزنىڭ "تايانچ"ىمىزدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ "تايانچ" بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق؛ بۇ "تايانچ" بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالىدۇق، خەلقئارادىكى ئورنىمىزمۇ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە؛ بۇ "تايانچ" بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ھاياتلىق جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ ئىلمىي نەزەرىيىدە باشتىن ئاياق تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنىڭ كاپالىتى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدىيىلەر بار. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەممىدىن كۆپ، ھەممىدىن چوڭقۇر سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ ئاددىي تىل بىلەن چوڭقۇر قائىدىلەرنى چۈشەندۈرگەن، كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق راستچىللىق، ئەمەلىيەتچىللىك روھىنى ئىپادىلىگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى دەۋرنىڭ ئالغا بېسىش تەلپىنى ئىپادىلىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قارار» سەككىز يەردە "تەكىتلەش" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئالدىنقى ئىككى تەكىتلەشتە ستراتېگىيىلىك ئورۇن، توپ ۋەزىپە سۆزلەنگەن؛ ئوتتۇرىدىكى تۆت تەكىتلەشتە ئاساسىي فاكجىن، پرىنسىپلار سۆزلەنگەن، ئاخىرقى ئىككى تەكىتلەشتە بولسا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى سۆزلەنگەن. بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئىلمىي قىبلىنامە بىلەن تەمىن ئەتتى. يولداش جياڭ زېمىن ئومۇمىي يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل شەرھلەپ ئۆتتى. يولداش جياڭ زېمىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل ھالدا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ سىستېمىلىق ھالدا شەرھلەپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى، مائارىپ-پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق-ئىنتىزام قۇرۇلۇشى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلىپ باردى؛ ئۇ پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشنى، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى بىر

تۇرلۇك ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە تۈپ نېگىزلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە ئەستايىدىل تۇتۇشنى، ھەرگىز بىر قولدا چىڭ، بىر قولدا بوش تۇتۇشتەك خاتالىقنى ئىككىنچى سادىر قىلماسلىقنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىپ كەلدى. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

### 3. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يېڭى روھىي قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان كۈرەش نىشانى

5-ئومۇمىي يىغىندا بەلگىلەنگەن بۈگۈندىن كېيىنكى بەش يىلدىن ئون بەش يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ماسلاشقان ھالدا، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنىڭ تەلىپىنى نامايەندە قىلىش، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان جىددىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈرەش نىشانى بەلگىلەندى، بۇ — 6-ئومۇمىي يىغىننىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى.

ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئون بەش يىللىق ئاساسلىق نىشانى مۇنداق: پۈتكۈل مىللەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان چىڭ ئېتىقادنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش، ئىلىم-پەن، مائارىپ سەۋىيىسى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پۇقرالىق سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىجابىي-ساغلام، مەزمۇنلۇق-خىلمۇخىل بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي تەلەپ قىلىنغان مەدەنىي تۇرمۇش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىيات، جامائەت تەرتىپى، تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىي بەلگە قىلىنغان مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەڭگەش راۋاجلىنىدىغان ئوبدان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش. بۇ ئاساسلىق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «قارار»دا بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بۈگۈندىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەتلەرنى ھەققىي ئوبدان تۇتۇش كېرەكلىكى تەكىتلەندى. كادىرلار ۋە ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان پاسسىپلىق، چىرىكلىكلەرنى قەتئىي چەكلەش؛ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى قەتئىي تۈزىتىش، يالغان، ناچار مال ئىشلەش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش؛ شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىشتەك ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنى قەتئىي تۈگىتىش، فېئوداللىق خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش؛ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تارقىتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش؛ بەزى جايلاردىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولمىغان،

مۇھتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى قەتئىي ئۆزگەرتىش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلارنى ”تۆتكە ئىگە يېڭى كىشىلەر“، ”ئىككىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش“، ”ئۈچنى كۆرۈنەرلىك ئۈستۈرۈش“، ”بىر ياخشى ۋەزىيەت“، ”بەشتە قەتئىي بولۇش“ دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ، يىراق كەلگۈسى پىلان بىلەن يېقىنقى مەزگىلدىكى ۋەزىپىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش بىلەن نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى بىرقەدەر ياخشى ھالدا نامايان قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كەلگۈسى، ئوتتۇرا، يېقىنقى مەزگىلدىكى نىشان سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى.

ئومۇمىي يىغىندا بەلگىلەنگەن بەش يىلدىن ئون بەش يىلغىچە بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نىشانى ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم نۆۋەتتە خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن نىشان؛ ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قىلىپ بەلگىلەنگەن، ھەم يۇقىرى ئۆلچەملىك، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نىشان؛ ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى نامايان قىلغان، ھەم باسقۇچلۇق خاراكتېرگە ئىگە بولغان نىشان. بۇ نىشاندا زۆرۈرىيەت بىلەن ئىمكانىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئۇ كۆزگە كۆرۈنىدىغان، قولغا چىقىدىغان، ئىگەللىگىلى بولىدىغان نىشاندۇر، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئېنىق، پىكىر يولى ئوچۇق بولغاچقا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشكە پايدىلىق؛ ھەرقايسى تارماق، ئورگانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشىغا پايدىلىق؛ كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلسا، مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. لېكىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ غايىۋى مەنزىلگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى مىقدارنىڭ جۇغلىنىشى، باسقۇچلۇق نەتىجە دېيىشكىلا بولىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يەنە بىزنى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، گۈزەل غايىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان يېڭى نىشانلارنى بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 4. پۈتكۈل جەمئىيەتتە ياخشى ئىدىيە-ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم

ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلىنىدىغىنى پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. «قارار»دا ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇ-

لۇشنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ، ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇھىم بىر نەتىجىسىدۇر.
ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بىرىنچى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش. بۇ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى-
نىڭ تۈۋرۈكى ۋە جېنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق چاغدا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئىدىيە-ئەخلاق
قۇرۇلۇشىنىڭ پرىنسىپال تەلپى: ئىلغارلىق تەلپىنى كەڭ كۆلەملىك بولۇش تەلپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
دېموكراتىيە پرىنسىپى ۋە ئىجابىي تەرەپتىن يېتەكچىلىك قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش. بىز ھازىر
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت كوممۇ-
نىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى
ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئىنتىلدۈرۈپ، يۈز
مىليونلىغان خەلقنى پائال ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىشىمىز لازىم. ئۈچىنچى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇ-
شىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوللېكتىپچىلىق تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك
تەربىيىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش: سوتسىيالىستىك
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-
ئەخلاقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق
ئىدىيە-ئەخلاقنى، ھەققىي، ئوبدان ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلىشكە، ساختا، يىرگىنىشلىك، خۇنۇك
نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇشقا، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى،
پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا، ھالال ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇشقا
ئېرىشىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقنى ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش؛ ۋەتەننى، خەلقنى،
ئەمگەكنى، پەننى ۋە سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىش. تۆتىنچى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ
ئاساسىي يولى: ھەم تەربىيىگە تايىنىش، ھەم قانۇن-تۈزۈمگە تايىنىش، ئىككى تەرەپنى زىچ بىرلەشتۈرۈش.
بەشىنچى، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى: رەھبىرىي كادىرلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەر. رەھبىرىي
كادىرلار ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇپ بولۇشىغا، ياش-ئۆسمۈرلەر ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى-
گە مۇناسىۋەتلىك. رەھبىرىي كادىرلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ
بېرىلسا، بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىز گۈللىنىپ تەرەققىي تاپىدۇ، ئىز باسارلىرىمىز بولىدۇ. ئالتىنچى، ئىدىيە-ئەخ-
لاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: كىشىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايىنى
تىكلەش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆزقارىشىنى كۈچەيتىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك
تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشقا
ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى بېغىشلاشنى ئەڭ زور شەرەپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، ئىززەت-ھۆرمىتىگە زىيان
يەتكۈزۈشنى ئەڭ زور نومۇس دەپ بىلىدىغان دەۋر كەيپىياتىنى، ئىتتىپاقلىق-ھەمكارلىق، باراۋەرلىك-
دوستلۇق ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەش ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش. بۇ سىستېما قۇرۇلمى-
سى ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى

www.uyghurkitap.com

باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماس كېلىدۇ. مۇشۇ سىستېما قۇرۇلمىسى بويىچە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندە، بىزنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىمىز ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي قائىدىگە ئىگە بولۇپ، پۇختىلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

نۆۋەتتە مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك:

**بىرىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش.** بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى كۈچى بولمىسا بولمايدۇ، ئەگەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلساق، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى تاشلاپ قويساق، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى يوقىتىپ قويساق، نامرات-قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايمىز، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرالمايمىز، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىيەلمەيمىز، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىيالمايمىز، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا مۇستەقىل تۇرالمايمىز. بىز پۇختا، ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى پۈتۈن جەمئىيەتتە نۇرلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە 56 مىللەتتىن بولغان 1 مىليارد 200 مىليون خەلقنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى تىرىشىپ گۈللەندۇرۇپ، مەردانە قەدەم تاشلاپ پارلاق كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلىپ، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش.** «قارار»دا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش—سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، بىر يېڭى مۇھىم روھ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ جەۋھىرى تۈنۈۋېلىنغان. بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن يولداش ماۋزېدۇڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئىخچام ھەم چوڭقۇر سۆزلەر بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يولداشلار ئارىسىدىكى، كوممۇنىستلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا ئېچىپ بەردى، كوممۇنىستلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كۈرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب ئىدىيە-ئەخلاقىنى مېغىزلىق قىلىپ يىغىنچاقلىدى. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى دېگەن بۇ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان خەتلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ نىزام-

نامىسىغا كىرگۈزۈلدى. پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىگە يېڭى دەۋر مەزمۇنىنى قوشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى پۈتكۈل جەمئىيەتتە يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

بەزى يولداشلار، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيە ئەزالىرىغا، كادىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن بۇ ئۆلچەم يۇقىرى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىدە پارتىيىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىزنىڭ دۇنيانى تونۇشىمىز، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزدىن مەقسەت، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "دۇنيا قاراشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت" دەپ كۆرسەتتى. كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى دۇنيا قاراشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. توغرا "ئۈچ قاراش"نى تۇرغۇزۇش ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەم ئۇلۇغ ھەم ئاددىي، ھەم ئالىيجاناب ھەم ئادەتتىكى ئىش، ئۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنى ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش، خالىس تۆھپە قوشۇش— خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر؛ قايسى ساھەدە ئىشلىسە، شۇ ساھەنى سۆيۈش، ئۆز خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئىشلەش— خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر؛ يولداشلار ئارا ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ئاسراش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش— خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر؛ جامائەتكە پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، مېيىپلارغا يار-يۆلەك بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشمۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، مەيلى قايسى ئورۇندا ئىشلىسۇن، ئىقتىدارى چوڭ-كىچىك بولسۇن، ۋەزىپىسى يۇقىرى-تۆۋەن بولسۇن، ھەممىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەخلاقىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلەيدۇ ھەم كۆرسىتىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان شارائىتتا، كىشىلەرنىڭ ھەققانىي، قانۇنىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش داۋامىدا بىر-بىرىگە ياخشى خىزمەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇڭلاشقا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم كېرەك دەيدىغان ئەخلاق قارىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ، كىشىلەرنى رىقابەتلىشىش بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش بىلەن نازارەت قىلىشنىڭ، ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ، ئالدىن بېيىش بىلەن

ئورتاق بېيىشىنىڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدان سېتىش، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىشتەك ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى تۈگىتىشكە پايدىلىق؛ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ھەم پۇقرالارنىڭ شەخسىي قانۇنىي مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا پايدىلىق. بىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىپادىلەيدىغان، كاپىتالىستىك جەمئىيەت تەڭ كېلەلمەيدىغان ياخشى ئەخلاقنى يارىتىشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، ھەم تەربىيىگە ئېتىبار بېرىش، ھەم قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش لازىم.** ياخشى بازار ئىگىلىكى تەرتىپى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈش، پاسسىپ، چىرىك نەرسىلەرنىڭ تەسىرىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، تەربىيىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى پەقەت كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلىتىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا تەربىيىگىلا تايانغاندا مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە قانۇنچىلىققىمۇ تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت ئۆزىنى سوراش بىلەن باشقىلارنىڭ چەكلىشىنى، تەشەببۇس قىلىش بىلەن مەنئىي قىلىشنى، يۇمشاق چەكلەش بىلەن قاتتىق چەكلەشنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىيەتسىز قىلمىشلارنى توسۇپ، ساغلام كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، يامان ئىللەتلەرنى يوقىتىدىغان، ياخشى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يامان ئىشلارنى تۈگىتىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بىز ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە، قانۇن بويىچە ئۆزىنى چەكلەشكە يېتەكلىشىمىز لازىم. مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز قىلمىشلارنى چەكلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز لازىم. ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا جەزمەن رىئايە قىلىش، قانۇننى جەزمەن قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. مۇكەممەل قانۇن بولمىسا ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئاساسىدىكى كۈچلۈك كاپالەت بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ، ياخشى ئەخلاقنى شەكىللەندۈرۈش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئە-

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

مەس.

## 5. ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقنى خەلققە تەقدىم قىلىش لازىم

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش—مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. ئومۇمىي يىغىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىغا، ئاساسلىقى ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەرگە نىسبەتەن ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.** پارتىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، تورغۇزۇشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئاساسىي مېلودىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، يەنە بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ فاڭجېن، پرىنسىپلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنىدۇر.

پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي مېلودىيە دەۋر روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي مېلودىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېچكى تەلىپى، شۇنداقلا مەدەنى-يەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئېچكى تەلىپى. ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر دەۋردە ھامان بىر تۈرلۈك ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە ھامان ئىجابىي ئاساسىي ئېقىم بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن روھىي ھەرىكەتلەندۈر-گۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشى، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشى ئۈچۈن چوقۇم مۇشۇنداق روھنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش بىلەن بىرگە، خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي تۇرمۇش مول مەزمۇنلۇق بولىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەلىپى كۆپ تەرەپلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. كىشىلەرنى تەربىيە ۋە ئىلھامغا، كۆڭۈل ئېچىش ۋە گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىشقا ئىگە قىلىدىغانلىكى نەرسىنى قارشى ئېلىشىمىز ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئاساسىي مېلودىيىگە تەۋە ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتى-مۇ، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئۆلچەمگە يېتىشى كېرەك. خىلمۇخىللىققا تەۋە ئەسەرلەر-مۇ ساغلام، پايدىلىق بولۇشى لازىم. زىيانلىق بولمىغانلىرىغا يول قويىمىز، زىيانلىق بولغان-لىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇ-رۇشتا، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاممىا ئارىسىغا بېرىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلەپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل ۋە جىددىي ئويلىنىپ، ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى خەلققە تەقدىم قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش كېرەك. «قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشىگە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان، بەزىلەرنىڭ پەس-ئارزۇ-ھەۋىسىگىلا ماسلىشىپ بېرى-دىغان، "ھەممىدە پۇلنى كۆزلەيدىغان"، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىسىنى كەمسىتى-دىغان، چىرىك ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمىنى قەدىرلەيدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا، بۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. ئىلىم مەسىلىسى بىلەن سىياسىي مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. سىياسىي يۆنىلىشكە، چوڭ-چوڭ پرىنسىپقا تاقىلى-دىغان مەسىلىلەردە، ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم. يېتەكچى-لىك قىلىشتا قاراتمىلىققا ئىگە بولۇش، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش، پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش، داۋلى سۆزلەش، ھەم توغرا يېتەكچىلىكتە چىڭ تۇرۇش، ھەم خاتا نەرسىلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. خاتا پىكىر-قاراشلارنى تارقىتىش بازىسى بىلەن تەمىن ئېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**ئىككىنچى، "ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ستراتېگىيىسى"نى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئېسىل**

ئىزدىنىش (تاللانما)

ئەسەرلەر دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئېتىپ، مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر ئېسىل ئەسەرنىڭ تەسىرى كۆپىنچە بىرقانچە ئون ھەتتا بىرقانچە يۈز ئادەتتىكى ئەسەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. سۈپىتى يۇقىرى ئەسەرلەر، ئېسىل ئەسەرلەر كۆپ بولغاندا، ئاندىن ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بازارنى ئىگەللىۋالغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى ئاز ئەمەس، بىراق سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. «قارار» دا ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش تەدبىرىنىڭ بەلگىلىنىشى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھالقىسى تۇتۇلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا، پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر "بەش بىر قۇرۇلۇشى"نى ئەستايىدىل تەشكىللەپ، كىنوچىلىققا ئائىت "9550 قۇرۇلۇشى"نى ۋە جۇڭگو بالىلار ھەرىكەتلىك رەسىملەر فىلىمىغا ئائىت "5155 قۇرۇلۇشى"نى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، 9-بەش يىللىق نۇقتىلىق نەشىر قىلىش پىلانىنى، 9-بەش يىللىق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، ئامما بەكمۇ قارشى ئالىدىغان زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ. ئېسىل ئەسەرلەر كەين-كەينىدىن چىقىپ تۇرغان، رەڭگارەڭ گۈل ئېچىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلۇغ دەۋرىمىز ئالدىدا، ئۇلۇغ خەلقىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايمىز.

**ئۈچىنچى، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.** مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەشۋىقات، ئىدىيەت، مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئاكتىپ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم تەجرىبە. ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلام مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە مەدەنىي ئىستېمال قىلىش ئىشلىرىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلام مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى مەدەنىيەت بازىرىدا يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. سېرىق مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى يوقىـ

تىش، قانۇنسىز نەشرىياتچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئاپتور ھوقۇقىنى ئوغرىلاش، ئاپتور ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك شەھۋانىي، ئەكسىيەتچىل، قانۇنسىز ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى ۋە ئېلېكترونلۇق مەنبەئات بۇيۇملىرىنى تازىلاپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا كۆلەمنى، سانىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىشتىن سۈپەتنى، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن تېز ئېشىپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. بىراق ئومۇمىي مىقدارى ھەددىدىن كۆپ بولۇش، قۇرۇلما جەھەتتە تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، سۈپەتكە سەل قاراشتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇ مەسىلىلەرنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئەستايىدىل ھەل قىلىش لازىم.

## 6. مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم

ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەت، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى جانلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى ۋە تەجرىبىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ۋە شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك يېزا-بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، مەدەنىيەتلىك كەسىپنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشان، ۋەزىپىسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە

قىلغىلى، ئۇنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلققە ئەمەلىي ئىش ۋە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىشلار بوشاشماستىن داۋاملىق ئىشلەنسە، ئاممىنى جەلپ قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئىقتىساد تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى. بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى، شەھەرلەرنىڭ ئۈچتە ئەلا نەتىجىنى يارىتىشى، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، كەسىپلەرنىڭ يېڭى كەيپىيات يارىتىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تىرىشىش، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. ئەمەلىي ئۈنۈم بىلەن ھېسابلاشماي، يۈزەكىلا ئىش كۆرىدىغان، بىر مەھەل تۇتۇپلا تاشلاپ قويىدىغان ئۇسۇللارنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ياخشى ئىشلارنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن، ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى خەلق ئاممىسى ئاڭلىق قاتنىشىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جانلىق جەريانغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 7. مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە

«قارار» دا مۇنداق دەپ تەكىتلەندى: ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ پارتىيىدە. بۇ ھۆكۈم پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاچقۇچى پارتىيىدە دېگەن سۆزنىڭ ماھىيەتتە مۇنداق ئىككى مەزمۇنى بار: بىرىنچىسى، پارتكومنىڭ رەھبەرلىك يادروسلىق رولى؛ ئىككىنچىسى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولى.

پارتىيە رەھبەرلىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. «قارار» دا مۇنداق دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پارتكوملار بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزى تۇتىدىغان، ھەرقايسى ساھەلەر ئىشنى تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرلىك

تۈزۈلمىسىنى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىككى مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن كۆرەش نىشانى قىلىپ، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەڭ تەكشۈرۈش لازىم. پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشى، بىرلىكمە كۈچنى ھاسىل قىلىشى لازىم. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. پېشقەدەم يولداشلارنىڭ رولىنى ئىنتايىن ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تەشۋىقات-مەدەنىيەت خىزمەت تارماقلىرىغا ۋە ئورۇنلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، سىياسەتتە كۈچلۈك بولۇش، كەسىپتە پىششىق بولۇش، ئىستىلدا توغرا بولۇش تەلىپى بويىچە، سۈپىتى يۇقىرى بولغان تەشۋىقات-ئىدىيە-مەدەنىيەت-مائارىپ قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىلىرىنى پارتىيە ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇشى كېرەك. بۇ تەلەپلەر ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، ئىنتايىن مۇھىم، چوقۇم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. «قارار» دا كومپارتىيە ئەزالىرى پۈتۈن جەمئىيەتتە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەكلىكى، پارتىيىنىڭ رەھبىري كادىرلىرى پۈتۈن پارتىيىدە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نەزەرىيە ئۆگىنىش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىري كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر قېتىملىق پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، غايە، ئېتىقاد ۋە ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ھەل قىلىش قارار قىلىندى. رەھبىري كادىر بولغان بۇ كىشىلەر چوقۇم قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ توپ قىبلىنامىسى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم، چوقۇم ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئومۇمىيلىقنى مۇھىم بىلىپ، مەركەزنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىشى، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە

قىلىشى لازىم. پارتىيىگە سادىق-سەمىمىي بولۇشى، ھەرىكىتى بىلەن سۆزى بىردەك بولۇشى، قىل دېگەننى قىلىشى، قىلما دېگەننى قىلماسلىقى لازىم. چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى، سىياسىي مەسىلىلەردە مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇشى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشقا دىققەت قىلىشى، ھەرخىل خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ توسقۇنلۇقىنى ۋاقتىدا چىقىرىپ تاشلىشى كېرەكلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. چوقۇم پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرۋاقىتتا سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ تىرىشىپ ئۆزگەرتىشى، ئۇچۇق-يورۇق بولۇشى، راۋۇرۇس ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئۆزى نەمۇنە بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، نام-مەنپەئەت قوغلاشماي، كىچىك كەمچىلىكنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى، ئېھتىيات قىلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇشى، ئۆزىنى تىرىشىشقا ئۈندەپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك ھەرىكىتى بىلەن پارتىيىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغدىشى لازىم. پارتىيە تەشكىلىنىڭ قاتتىق تەلىپىنى، قاتتىق باشقۇرۇشنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. چوقۇم ئۆزىنىڭ شەرەپلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ھەرۋاقىت خەلقنى، دۆلەتنى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى قەلبىدە تۇتۇشى لازىم. ئورنى ئۆسكەنسېرى، ھوقۇقى چوڭ بولغانسېرى، مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. پارتىيە ئىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا، خەلق مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا تىرىشچان بولۇپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۆز زىممىسىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇپ، خالىس تۆھپە قوشۇشى، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا تولۇق كۆرسىتىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا يەنە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش لازىم. «قارار» دا مەركەز مالىيىسىدىن ۋە يەرلىك مالىيىدىن تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئاجرىتىلىدىغان سېلىنمىنى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي كۆپەيتىپ بېرىش، كۆپەيتىش دەرىجىسى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۈنۈملۈك مەبلەغ توپلاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆپ يول بىلەن مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، نۆۋەتتە تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئازراق، نىسبىتىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشىدەك مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىملىقى بەلگىلەندى. گوۋۇيۈەن «مەدەنىيەتكە ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە ھېساب قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 8. پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئېلىپ بارماسلىقنىڭ نەتىجىسى زور پەرقلىنىدۇ، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش بىلەن ئەستايىدىل ئېلىپ بارماسلىقنىڭ نەتىجىسى زور پەرقلىنىدۇ. «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك تەلەپلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلەمدۇ ياكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەمدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يۈكسەلدۈرۈلەمدۇ، يۈكسەلدۈرۈلمەمدۇ، بۇنىڭغا كادىرلار ۋە ئامما بەك دىققەت قىلىدۇ. زور كۈچنى سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش — كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەم خىزمەت ئىستىلىنى نامايان قىلىدۇ؛ ھەم پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك، ھەم ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە تەسىر قىلىدۇ. بىز چوقۇم خەلق ئالدىدا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇش، خىزمەتكە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بوشاشماستىن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، بىرىنچىدىن، قاتتىق بولغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، پىلان بولۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇش، تەدبىر بولۇش، تەكشۈرۈپ تۇرۇشمۇ بولۇش لازىم، ھەر يىلى ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرقانچە ئەمەلىي ئىش قىلىش، مەسىلىلەرنى پۇختا ھەل قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، خىزمەتنى كۈچلۈك، چىداملىق بىلەن تۇتۇپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، قىيىنلىقنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئالغا ئىنتىلىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىزدەش، ئىجادكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەلەپ قىلغاندەك، قاتتىق تۇتۇش، بىر كۈنمۇ بوشاشماستىن تۇتۇش، تۇتۇشنى كونكرېت ئىشلاردىن باشلاش كېرەك.

ھازىر پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنىڭ ياخشى پۇرستى يېتىپ كەلدى. 6-ئومۇمىي يىغىن يېڭى شارائىتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى. بىز پۇرسەتنى چىڭ

تۇتۇشىمىز، پۇرسەتنى قەدىرلىشىمىز، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېننىڭ توغرا يېتەكچىلىكى بولغان. ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىپ بەرگەن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلانغان، مىليونلىغان خەلق غايەت زور قىزغىنلىقىنى كۆرسىتىۋاتقان ئەھۋالدا، دۆلىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى چوقۇم زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

بىز، جۇڭگونىڭ پايتەختى بېيجىڭنىڭ 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىدەك قاتتىق ئار-نومۇستا 20-ئەسىرگە قەدەم قويغانلىقىمىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز. ھازىر، بىز ئورنىمىزدىن دەس تۇرغان جۇڭگو خەلقى ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئىشەنچ ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئىرادىسى بىلەن كۆكرەك كېرىپ 21-ئەسىرگە يۈرۈش قىلماقتىمىز. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ يولى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

**(بۇ ماقالا يولداش دىڭ گۇەنگېننىڭ 10-ئاينىڭ 21-كۈنى مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارىلەر خىزمەت كومىتېتى، مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەت كومىتېتى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي شتابى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم ئۇيۇشتۇرغان دوكلات يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىل تۇرسۇن، ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا، خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نامراتلىقنى تۈگىتىش — ئۇلۇغ ۋە جاپالىق تارىخىي ۋەزىپە

چېن جۈنشېڭ

نامراتلىقنى سوتسىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بېيىشىنىمۇ سوتسىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 47 يىلدىن بېرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق بېيىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىش يولىدا ئىزچىل تۈردە ئالاھىدە جاپالىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق، نامرات ۋە ئاجىز جۇڭگونى قەدەممۇقەدەم گۈللەپ ياشناشقا ئېلىپ ماڭدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى.

## 1. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىز نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشتا ئۇلۇغ تارىخىي نەتىجىلەرگە قول يەتكۈزدى

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندىن بېرى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىمىزنىڭ تېز، ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشى، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دۆلىتىمىزنى نامرات ئاھالە سانىنىڭ كېمىيىشى ئەڭ تېز بولغان تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى، پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشى ھەل بولمىغان نامرات ئاھالىنىڭ سانى 1978-يىلدىكى 250 مىليوندىن 1995-يىلدىكى 6 مىليون 500 مىڭغا چۈشۈپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 30.7 پىرسەنتتىن 7.1 پىرسەنتكە چۈشتى. بۇ مەزگىلدە نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشتا دۆلىتىمىز ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى:

1978-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان باسقۇچ، بۇ باسقۇچ نامرات ئاھالە چوڭ ھەجىمدە ئازايغان باسقۇچ بولدى. پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشى ھەل بولمىغان نامرات ئاھالىنىڭ سانى 250 مىليوندىن 125 مىليونغا چۈشۈپ، 50% ئازايغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 17 مىليون 860 مىڭ نامرات ئاھالە ئازايغان. بۇ باسقۇچتىكى نامرات ئاھالىنىڭ ئازىيىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ ۋە ئۇرغۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تېزلىكتە كۆپەيگەن، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى نامراتلىق مەسىلىسى كۆرۈنەرلىك پەسەيگەن. نامرات ئاھالىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 30.7 پىرسەنتتىن 14.8 پىرسەنتكە چۈشكەن.

1986-يىلدىن 1993-يىلغىچە بولغان باسقۇچ، بۇ باسقۇچ نامرات ئاھالە مۇقىم ئازايغان باسقۇچ بولدى. بۇ مەزگىلدە، گەرچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم جايلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، خېلى ئارقىدا قالغانىدى، ھەتتا ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىمۇ قاندۇرۇلمايتتى. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بىرلىكتە «نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تېزرەك ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلىپ، گوۋۇيۈەن قارمىقىدا نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پايدىلىق بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش يولى بىلەن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش فاڭجېنىنى بېكىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تەشكىللىك، پىلانلىق، كەڭ كۆلەملىك خىزمەتلەرنى باشلىۋەتتى. بۇ باسقۇچتا پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ سانى 125 مىليوندىن 80 مىليونغا يەنى يىلىغا 6 مىليون 400 مىڭ ئادەم ئەتراپىدا ئازايدى. لېكىن 1991-يىلدىن باشلاپ نامرات ئاھالىلەر سانىنىڭ ئازىيىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاستىلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى پەقەت 2 مىليون 500 مىڭ كىشىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

بۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، گوۋۇيۈەن 1993-يىلدىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈپ، 1994-يىلى 3-ئايدا «دۆلەتنىڭ يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى»نى رەسمىي ئېلان قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى توپلاپ، يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنى، تىرىشىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغىچە نامراتلىق ئەھۋالىنى يوقىتىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى ئۈچىنچى باسقۇچقا يەنى ئەڭ قىيىن بولغان ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. "نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى"نى يولغا قويغان ئۈچ يىلدىن بېرى، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلگەنلىكتىن، نامرات ئاھالىنىڭ ئازىيىش سۈرئىتى يەنە تېزلەپ، 1993-يىلدىن 1995-يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ سانى يىلىغا 5 مىليوندىن جەمئىي 15 مىليون ئازايدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى قانات

يايدۇرۇلغان 10 يىل ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزىلىرىدىكى نامرات ئاھالە 60 مىليون ئازايدى، 39 مىليون 610 مىڭ ئادەم، 46 مىليون 290 مىڭ ئات-ئۇلاغنىڭ سۇ ئىچىشى تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 258 مىڭ كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 274 مىڭ كىلومېتىر ئۆزگىرىشچان توك يەتكۈزگۈچ سىم تارتىلدى، يېڭىدىن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئورمان ۋە مېۋىلىك باغ قۇرۇلدى، 50 مىڭدىن ئارتۇق يېزا-بازار كارخانىلىرى ئېچىلدى. پەقەت 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىلا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاساسلىق ئېتىز-ئېرىقلار 59 مىليون 390 مىڭ موغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا، نامرات رايونلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، تازىلىق ئەھۋالىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇش ئەھۋالىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. راستىنى ئېيتساق، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئەمەلىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا سېلىشتۇرغاندىمۇ، بۇ غايەت چوڭ تارىخىي نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتۈپ كەتكەن 20 يىل ئىچىدە، دۇنيا ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت بايلىقى تېز كۆپەيدى، لېكىن نامراتلىق مەسىلىسى بۇنىڭ بىلەن پەسەيمىدى، ئەكسىچە بۇ مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، نامرات ئاھالە بارغانسېرى كۆپەيدى. دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان نامرات دۆلەتلەرنىڭ سانى 27دىن 48گە يەتتى. يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە، دۇنيا بويىچە ئەڭ نامرات ئاھالىلەرنىڭ سانى 1 مىلياردتىن 1 مىليارد 300 مىليونغا يەتتى، نۆۋەتتە ھەر يىلى 25 مىليوندىن كۆپەيمەكتە. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، يەنە ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىن ئاھالە يوقسۇللۇقتا ياشاۋاتقان بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئاچارچىلىق ياكى ئوزۇقلۇق ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتمەكتە. بۇنىڭ ئەكسىچە، دۆلىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بارغاندىن بۇيان خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاش نىشانىنى بەش يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزۇن مەزگىل نامرات بولۇش ئەھۋالىنى چوڭ كۆلەم، زور ھەجىمدە پەسەيتىپ، ئۈچتىن ئۈچ قىسمىغا يېقىن نامرات ئاھالىنى ئازايتىپ، جۇڭگو نامرات ئاھالىسىنىڭ دۇنيا نامرات ئاھالىسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تۆتتىن بىر دىن نۆۋەتتىكى 20دىن بىرگە ئازايتتى. دۇنيا بانكىسى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەڭ قالاق يېزا رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلىشتا غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بۇ خىل تىرىشچانلىق باشقا نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقتىن كۆپ نەتىجىلىك بولدى، دەپ قاراشتى. جۇڭگونىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىسى دۇنيا دائىرىسىدە پەقەت سوتسىيالىزملا بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، ھەم نامرات ئاھالىنى تېز ئازايتالايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

## 2. نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىرادىمىز قەتئىي، تەۋرەنمەس بولۇشى كېرەك

گەرچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش

خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ بارىدۇ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئازىيىش سۈرئىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ بارىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا، ئۈمىدمۇ بار، قىيىنچىلىقمۇ بار.

ئۈمىدلىك دېگەندە، "نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى"نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاھايىتى كۆپ پايدىلىق شارائىتلارنىڭ بارلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىرىنچىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە توغرا تەدبىرلىرىنىڭ بولۇشى، مۇشۇ يىللاردىن بېرى باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ زۇڭلى ۋە مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلار نامرات رايونلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى كۆرسەتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىنچىدىن، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى تېزرەك ھەل قىلىشقا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا نىسبەتەن كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە ئاكتىپلىقى بار. ئۈچىنچىدىن، بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەرقايسى جايلار نۇرغۇن ئۈنۈم بەرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى ۋە توپلىدى. تۆتىنچىدىن، ئون يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا، نامرات رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي شارائىتلىرىدا ياخشىلىنىش بولدى. بەشىنچىدىن، نامرات ئاھالىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئالتىنچىدىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلەت كۈچىنىڭ زورىيىشى نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى تېخىمۇ تولۇق ماددىي شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. يەتتىنچىدىن، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بولغانلىقتىن. سەككىزىنچىدىن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش نامرات رايونلارنى مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. توققۇزىنچىدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نامراتلىقنى يوقىتىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە قوللاشقا باشلىغان خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، بۇ بىزنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت ۋە يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى.

قىيىنچىلىق چوڭ بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھازىر ئېشىپ قالغان نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 530 يۈەندىن ئىبارەت كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش سىزىقىدىن تۆۋەن بولغان مۇتلەق نامرات ئاھالە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتلىرى كەمچىل، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 50% ئادەم ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 300 يۈەندىن تۆۋەن، 9 مىليون 900 مىڭ ئاھالىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت

www.uyghurkitap.com

تەرپىدىن بەلگىلەنگەن 592 نامرات ناھىيىدە 28 مىليون 970 مىڭ ئادەم، 26 مىليون 740 مىڭ تۇياق ئات-ئۇلاقنىڭ يىل بويى سۇ ئىچىش مەسىلىسى تەس بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇت. ھازىرقى نامرات ئاھالە ئاساسەن غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمالنىڭ ئىچكىرى تاغ رايونلىرى، تاش تاغ رايونلىرى، چۆل-باياۋان رايونلىرى، ئېگىز ھەم سوغۇق تاغ رايونلىرى، سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك رايونلىرى، چېگرا رايونلىرى، يەرلىك كېسەللىكلەر كۆپ كۆرۈلىدىغان رايونلىرى شۇنداقلا سۇ ئامبار رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، جايلاشقان جايى چەت-ياقىدا، قاتنىشى قولايسىز، بايلىقى كەمچىل، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناچار، مەدەنىيەت-مائارىپى قالاق، ئادەم ۋە ئات-ئۇلاقلارنىڭ سۇ ئىچىشى تەس، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا، دېھقانلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن. بۇ بىر قىسىم نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قىيىن قىسمى. بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى يەنە 23 مىليون ئاھالىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 530 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، ئۇلار كىرىمى ئىنتايىن تۇراقسىز، مۇتلەق نامراتلىق گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتقانلاردۇر. تەبىئىي ئاپەت ياكى ئىقتىسادىي داۋالغۇشقا دۇچ كەلسىلا، يەنە نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى مۇمكىن. قىيىنچىلىق چوڭ دېيىشىمىزگە ۋاقىتنىڭ قىس بولۇشىمۇ سەۋەب بولىدۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاياقلىشىشىغا پەقەت بەش يىللا ۋاقىت قالدى، ئەگەر يىلىغا بەش مىليون ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بويىچە ھېسابلىغاندا، 65 مىليون ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە 13 يىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، يەنە 40 مىليون ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشى كېلەركى ئەسىرگە قېلىپ، ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“دا بەلگىلەنگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نىشانى يوققا چىقىدۇ. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي.

«دۆلەتنىڭ يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامرات ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى»نى يولغا قويۇش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، ئۈتۈن مىللەتلىرىمىزنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغىچە 80 مىليون ئادەمنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلساق، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىنىدۇ، بۇ بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىمىزنىڭ تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىمۇ ئۇلۇغ بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ يىلدىن بېرى، ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇھىم تەسىر پەيدا قىلدى، نامرات رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. 1995-يىل

---

ئېرىشتى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. 1995-يىل 3-ئايدا لى پېڭ زۇڭلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چاقىرغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات دۇنيا باشلىقلىرى يىغىنىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش ھەققىدىكى قەتئىي ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى ھەمدە خەلقئارا جامائەتچىلىككە ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“نى تاماملاش ھەققىدە تەنتەنىلىك ۋەدە بەردى. دۇنيا بانكىسى، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“ نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان، ئېنىق نىشانى، چارە-تەدبىرلىرى ۋە ۋاقىت چەكلىمىسى بولغان پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك نامراتلارنى يۆلەش پروگراممىسى بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نامراتلىقنى يوقىتىشىنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇتلەق نامراتلىقنى يوقىتىشتىكى ئىرادىسى ۋە جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلغان، دەپ قاراشتى. ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“ ھازىر 9-بەش يىللىق پىلانغا مۇھىم بىر مەزمۇن قاتارىدا كىرگۈزۈلدى، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ 2000-يىلغىچە پۈتتۈرىدىغان مۇھىم ۋەزىپە ۋە ئاساسىي نىشانلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاندى. ھازىرقى مەسىلە قىلىش-قىلماسلىق، قىلالايدىغانلىق-قىلالمايدىغانلىق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى قانداق قىلىش مەسىلىسىدۇر. بۇ پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئابرويىغا، شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا جامائەتچىلىك ئالدىدىكى ئابرويى ۋە ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ”نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىرادىمىز قەتئىي، تەۋرەنمەس بولۇشى كېرەك.

## 3. قاراتمىلىقى بولغان ھالدا چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش نىشانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئۇدا ئون يىل كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، نۇرغۇن جايلار مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، بىز مۇشۇ ئاساستا، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش، ئورتاق بېيىش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

**پارتىيە-ھۆكۈمەت بىرىنچى قول باشلىقلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش كېرەك.**

نامرات رايونلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىدۇر. نامرات رايونلاردا سىياسەتنى تەكىتلەشتە، ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ دەرت-ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى تەكىتلەش، ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. شۇڭا نامراتلىق دائىرىسى كەڭ، نامراتلىق مەسىلىسى ئېغىر بولغان ئۆلكە، رايونلارنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى ۋە ئۆلكە باشلىقلىرى، رەئىسلىرى بولۇپمۇ نامرات ناھىيىلەرنىڭ ناھىيىلىك

www.uyghurkitap.com

چۆكۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئومۇمىي پىلان، ئومۇمىي نىشانىنى تۈزۈپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى قەۋەتمۇقەۋەت پارچىلاپ، قەۋەتمۇقەۋەت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورۇنداش مۇددىتىنى بەلگىلەپ چىقىشى كېرەك. ئۆلكىدىن تارتىپ ناھىيىگىچە، يىلىغا 20% ئەتراپىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن،قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش سۈرئىتى بىلەن نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى نامرات رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ، نەتىجىلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

**نامرات ناھىيىلەردىكى ئالاھىدە نامرات يېزا-كەنتلەرنى نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.** نامراتلارنى يۆلەشتە گۈل ئۈستىگە گۈل بېسىشنى ئەمەس، بەلكى قەھرىتان سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىشتەك موھتاجلىقتا جانغا ئەسقېتىشنى تەكىتلەش كېرەك؛ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش، ھەرگىز چېچىۋەتمەسلىك كېرەك. ھازىر نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى نامرات ناھىيىگە ئىشلەتسىلا، نامراتلارنى يۆلىگەن بولىدۇ دەيدىغان بىر خىل خاتا قاراش بار، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن نامرات ناھىيىلەردە ناھىيىنى يۆلەپ ئائىلىلەرنى يۆلىمەيدىغان، بايلارنى يۆلەپ كەمبەغەللەرنى يۆلىمەيدىغان، باي-كەمبەغەللەرنى تەڭ يۆلەيدىغان مەسىلە تۈپتىن ئۆزگەرتىلمەي كەلدى، زور مىقداردىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى شەھەر ئەتراپى، يول بويىدىكى ئىقتىسادىي شارائىتى نىسبەتەن بىرقەدەر ياخشى بولغان رايونلارغا ئىشلىتىلىپ، خېلى كۆپ بىر قىسىم ئالاھىدە نامرات يېزا-كەنتلەر ۋە نامرات ئائىلىلەر ۋاقتىلىق ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. قانچە جەت-ياقا، قالاق جايلار بولسا، ئۇلارغا بولغان يۆلەش كۈچى شۇنچە ئاجىز بولدى. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بەزى ئالاھىدە نامرات كەنتلەر ئون يىلدىن بېرى بىر تىيىنلىكمۇ ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇش-بولماسلىقى، ئامىمنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇش سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇش-بولماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى نامرات يېزا-كەنتلەرگىچە، نامرات دېھقان ئائىلىسىگىچە ئېلىپ بېرىش-بارماسلىقتا. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئۇسۇلى يۆلەش خىزمىتىنى ئالاھىدە نامرات كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئېلىپ بېرىش بولۇپ، 1993-يىلى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان 2748 ئالاھىدە نامرات كەنتنى نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلغان، خىزمەتنىڭ كەنتلەرگىچە ئېلىپ بېرىلىشىنى، پىلاننىڭ كەنتلەرگىچە بۆلۈنۈشىنى، مەسئۇلىيەتنىڭ كەنتلەرگىچە ئەمەلىيلىشىشىنى، مەبلەغنىڭ كەنتلەرگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، ياردەم قىلىش، يار-يۆلەك بولۇشنىڭ سىستېمىلار بويىچە كەنتلەرگىچە ئەمەلىيلىشىشىنى، رەھبەرلەرنىڭ يېزىلارغىچە ئالاقىلىشىشىنى تەكىتلىگەن،

سىياسەت جەھەتتىكى، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، تەشكىلىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى يولغا قويغان، بۇنىڭ بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق، ۋەزىپە كونكرېت، مۇكاپات ۋە جازا روشەن بولغان. 1995-يىلى ياردەمگە ئېرىشكەن تۈنجى تۈركۈم 1704 ئائىلىدە نامرات كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 400 يۈەندىن ئاشقان، پۈتۈن ئۆلكىدىكى 21% نامرات ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان.

**ئاممانىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى بىۋاسىتە ھەل قىلىشقا ياردىمى بولغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنى نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك.** نامرات رايونلارنىڭ ھازىرقى شەرت-شارائىتلىرىغا ئاساسلانغاندا، نامرات رايونلاردا سانائەت تۈرلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەتتىن ۋە تۈرلۈك كەسىپ سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە شۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك كەسىپلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ كەسىپلەرنى يولغا قويغاندا، رايونلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، كەڭ بازارغا ئىگە بولغىلى، ئاز مەبلەغ سېلىپ، تېز ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كەسىپلەرنىڭ قاپلاش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەر ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. شۇڭا، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنى تاللىغاندا، بۇ كەسىپلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالدىن ئۇنىڭغا نەزەر سېلىش كېرەك. ھازىردىن تارتىپ، دۆلەتنىڭ مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن ئۆستەك ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇشۇ كەسىپلەرگە ئىشلىتىش كېرەك، باشقا تۈردىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىمۇ مۇشۇ كەسىپلەرگە ئېغىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك.

**نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۈرلۈك مەبلەغلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش كېرەك.** نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى نامرات رايونلاردىكىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا چوڭ رول ئوينىماقتا. نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بۇندىن كېيىن سېلىنمىنى كۆپەيتىشى لازىم، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلەتكەندە، مۇنداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى نامراتلىق مەسىلىسى ئەڭ ئېغىر بولغان غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال رايونلىرىنى نۇقتىلىق يۆلەشكە ئىشلىتىش كېرەك. بۇ رايونلاردىكى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولمىغان ئائىلىلەر سانى پۈتۈن مەملىكەتتىكى نامرات ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 50%نى ئىگىلەيدۇ. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتىكى تۈرلۈك مەبلەغلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلەت بەلگىلىگەن نامرات ناھىيىلەرگە ئىشلىتىش كېرەك. ئۆلكە، رايونلار بەلگىلىگەن نامرات ناھىيىلەر بىلەن فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، شەندۇڭ، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ نامرات

ناھىيىلىرىنىڭ شۇنىڭدەك تارقاق جايلاشقان نامرات يېزا-كەنتلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئۆلكە، رايونلار ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى، نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى تەكىتلەش، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش، ئامانەت-قەرز قائىدىلىرى بويىچە، ۋاقتىدا ئۆسۈمنى قوشۇپ قايتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات رايونلاردا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەۋرى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئىشلىتىش مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىش ھەمدە كېپىل بولۇش شەرتلىرىنى كەڭ قويۇش كېرەك. تۆتىنچى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى كىشىلەرنى نامراتلىقتىن ۋە ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، رولىنى ۋە ئىشلىتىش دائىرىسىنى ھېچقانداق باھانە بىلەن ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ، بۇ پۇلنى باشقا ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىشكە، ئۇزۇن ۋاقىت سۆرەپ بەرمەسلىككە، ئىگەللىۋېلىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بۇنىدىن كېيىن ھەر يىلى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئۈستىدە بىر قېتىم ئەتراپلىق مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىش، مەسىلە كۆرۈلسە، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىش، جىناي ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قانۇن بىلەن جازالاش كېرەك.

**ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى تەڭ تۇتۇپ، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى يولغا قويۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئەمگەكچىلەر ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.** كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەققىي ھەل قىلىش، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاخىرقى ھېسابتا پەن-تېخنىكىغا، مائارىپقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە، پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى ئادەتتىكىچە تەكىتلەپ قويماستىن، پەن-تېخنىكا تارماقلىرى، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى، ئالىي مەكتەپلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بىر قىسىم پىشىپ يېتىلگەن، ئوڭاي ئىگەللىگىلى بولىدىغان، ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە بېيىتىشقا پايدىلىق بولغان پەن-تېخنىكىلارنى نۇقتىلىق تاللاپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، تۇرلەرگىچە، كەسىپلەرگىچە، نامرات ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققىي تۇردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپ قاتلاملىق، كەڭ كۆلەملىك تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىش لازىم. دۆلەت دەرىجىلىك ئورۇنلار مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋە تۈرلەرنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلىشى لازىم. ئۆلكە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار يېزا، كەنت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ياخشى تۇتۇشى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش تۈرلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا دېھقانلارغا ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشى، كىم ئىشلىسە شۇنى تەربىيىلەش، نېمىنى قىلسا شۇنى ئۆگىنىش پرىنسىپى بويىچە ھەر بىر نامرات ئائىلىگە بىر-ئىككىدىن ئەمەلىي تېخنىكىنى ئىگەللىتىشى لازىم.

**پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تېخىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە قوللاش لازىم.** يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بۇ خىزمەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئالدى بىلەن، مەركەزدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىرىنچى بولۇپ ئۆلگە كۆرسىتىپ، نامرات ناھىيىلەردىن مۇقىم ياردەم قىلىش نۇقتىسىنى تاللاپ ياردەم قىلىپ تۇردى، نۆۋەتتە، نامرات رايونلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورنىتىپ ياردەم قىلىپ تۇرغان پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار 122گە يەتتى، ئۇلار دۆلەت بەلگىلىگەن 330 نۇقتىلىق نامرات ناھىيىلەرگە سىستېما بويىچە ياردەم قىلىۋاتىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇقتىلىق نامرات ناھىيە ئومۇمىي سانىنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1995-يىلى، بىۋاستە سېلىنغان ماددىي نەرسە ۋە مەبلەغنىڭ قىممىتى 947 مىليون يۈەنگە، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان مەبلەغ 990 مىليون يۈەنگە يەتكەن، 419 قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغان، بۇ كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن دېھقانلار 49 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن؛ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا سىستېما بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئىشىغا قاتناشقان ئورۇنلار 2364كە، بىۋاستە سېلىنغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 127 مىليون يۈەنگە، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان مەبلەغ 166 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ياردىمى بىلەن نامرات رايونلاردا نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 9969ى يولغا قويۇلغان، 33 مىڭ قارارلىق كۇرس ئېچىلغان، تەربىيىلەنگەن دېھقانلار 1 مىليون 650 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ھازىرغا قەدەر، دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن نامرات ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ياكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىن بىرسىنىڭ مۇقىم ياردىمىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نامرات رايونلارغا مۇقىم ياردەم قىلىشى پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا، ئىدارىنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بىۋاستە ئىلگىرى سۈردى. بۇ خىزمەتنى ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغىچە ئالاقىنى ئۈزمەسلىك، ھەم بۇ ئىشنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، ھەر بىر جۇڭگو پۇقراسىنىڭ نامرات رايونلارنىڭ كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى بار. مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، سودا-سانائەت كارخانىلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەر، تەرەققىي قىلغان رايونلار، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، نامرات رايونلارغا پائال ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. "ئۈمىد قۇرۇلۇشى"، "شان-شەرەپ كەلتۈرۈشى"، "مەدەنىيەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش" قاتارلىق پائالىيەتلەر ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنداق پائالىيەتلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتتە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، ئاددىي-ساددا بولۇشنى، ئۆزئارا ياردەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇزۇپ-چېچىش، ھەشەمەتچىلىك قىلىش ئىستىلىغا قارشى تۇرۇش، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم مەزمۇن

قىلىپ داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم.

**دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنى سىستېما بويىچە غەربىي قىسىمدىكى نامرات ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ياردەم بېرىشى، يار-يۆلەك بولۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم.** شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىشى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشىنىڭ مۇھىم يولى. سىستېما بويىچە يۆلەش خىزمىتى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ناھىيە دەرىجىلىككىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى لازىم، ئىككى تەرەپتىكى ئۆلكە-شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، تەرەققىي قىلغان ئۆلكە-شەھەرلەردىكى بېيىغان ناھىيىلەرنى نامرات ناھىيىلەر بىلەن جۈپلەشتۈرۈش لازىم. بېيىغان ناھىيىلەر ئۆز جايىدىكى كارخانىلارنى غەربىي رايونلاردىكى نامرات ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئىختىساسلىقلار، تېخنىكا، ئۇچۇر، بازار، باشقۇرۇش، مەبلەغ جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، نامرات ناھىيىلەر بىلەن شۇ جايدىكى بايلىقنى ئورتاق ئېچىپ، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تۈرلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامرات ناھىيىلەرنىڭ ھازىرقى بار كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى ئۆزئارا ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرغان چاغدا، شېنجېن شەھىرىنىڭ سىستېما بويىچە نامرات رايونلارنى يۆلەش تەجرىبىسىنى تولۇق ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، شېنجېن ھەر يىلى شەھەر-رايون مالىيىسىنىڭ نىرى-بىرى قىلىشغا بولىدىغان جانلىق مالىيە كۈچىدىن 2%نى ئاجرىتىپ، شېنجېن شەھەرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەرەققىيات فوندىنى تەسىس قىلغان ھەمدە مەخسۇس ئاپپاراتلارنى تەشكىل قىلىپ مەبلەغنى باشقۇرۇش، تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردىكى كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلغان. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ھەمكارلىق تەرەققىيات فوندى 430 مىليون يۈەنگە، نامرات رايونلارغا ياردەم بەرگەن تۈرلەر جەمئىي 128گە يەتكەن بولۇپ، باش شۆجى جياڭ زېمىننىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى.

**نامرات رايونلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشى لازىم.** قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ كۈرمەك يولى بولىدۇ، قەدەم تاشلىسىلا يول تاپقىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ رەھبىرىي كادىرلاردا، ياخشى روھىي ھالەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقىدا، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، توختىماي ئىلگىرىلەش روھىنىڭ بار-يوقلۇقىدا. بۇ، ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئوخشاشلا ئون يىللىق يۆلەش ئارقىلىق نېمە ئۈچۈن بەزى جايلار تېز تەرەققىي قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، بەزى جايلار ھېچبىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، كونا قىياپىتىدە تۇرىۋەردى؛ پەرق كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، نامراتلىقنى يوقىتىش ئىرادىسىنىڭ، ئىشەنچىسىنىڭ ۋە تەۋرەنمەس روھىنىڭ بار-يوقلۇقىدا، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە بېرىلىدىغان روھىي ھالەتنىڭ بار-يوقلۇقىدا. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چيەنجياڭ ۋىلايىتى

1988-يىلى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى بەش ناھىيىنىڭ ھەممىسى دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن نامرات ناھىيە، ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم ناھىيىسى، ھەممىسى تاش تاغلىق رايون. 1988-يىلى قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق دېھقان ياۋا ئوت-چۆپ يەپ جان باققان. مۇشۇنداق جايدا، چيەنجياڭ ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار كۆتۈپ تۇرماي، يۆلىنىۋال-ماي، ئاغرىنماي، "ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىپ"، ئۆز زېمىنىسىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇپ، قايغۇسغا قارىماي جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئاساسىي ئېتىز-ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئاساس سېلىش، بازا قۇرۇش، تۇۋرۇكلۇك كەسپلەرنى بەرپا قىلىش يولىنى تۇتۇپ، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، تاماكا قاتارلىق تۇۋرۇكلۇك كەسپلەرنى راۋاجلاندۇردى. 8 يىل ئۇدا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، چيەنجياڭدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ 1995-يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 455 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1987-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 1.6 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.9% ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 253 يۈەندىن 823 يۈەنگە يېتىپ، 3.25 ھەسسە ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقى 299 كىلوگرامدىن 508 كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي مۇئەسسەسە، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىقلاردىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى.

**نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يۆلىكى قىلىش لازىم.** نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشتا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ھەم پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى بېرىش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيە ياچېيكىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلا-شتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش، ياچېيكىغا ياخشى بىر شۇجىنى تاللاپ سەپلەش، تەرەققىياتنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقىش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى ياخشى يېتەكلەپ مېڭىش، ياخشى بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش، دېمەك راسا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇش قىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. نامرات ناھىيە، يېزىلار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە كۈچەيتىپ، نامرات يېزا-كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى بىر-بىرلەپ تەرتىپكە سېلىشى، كەنتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىش يولىنى تۇتۇپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ ماڭالايدىغان بىر باشلامچىنى ئەستايىدىل تاللاپ، بىر كۈچلۈك بەنزە قۇرۇپ، بىر قىسىم نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ بولۇش، ھەتتا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتەك ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، مەڭگۈ كەتمەيدىغان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قوشۇنىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەدبىر

قوللىنىپ مەملىكەت بويىچە كەڭ دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پايال قوللاش، تىجارەت قىلىشنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر، تېخنىكىسى بار، پاك ـ دىيانەتلىك ئوقۇمۇشلۇقلارنى تاللاپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى باشقۇرۇشقا قويۇش لازىم. كوللېكتىپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، دېھقانلارنىڭ يۈكنى يەڭگىللەتكىلى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئاما ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقىلى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىنى چىڭىتقىلى بولىدۇ.

**نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ساھەسىدە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى پايال راۋاجلاندۇرۇپ، تىرىشىپ خەلقئارا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.** باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتكەن يىلى 10 ـ ئايدا: نامراتلىق ئۈستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش نامرات رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا موھتاج، ھۆكۈمەتنىڭ زۇرۇر بولغان يۆلىشىگە موھتاج، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا تاشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى پايال راۋاجلاندۇرۇشقا ھەم كېڭەيتىشكە موھتاج، دەپ كۆرسەتتى. ھازىر بۇ خىزمەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبتىكى نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، ياردەمنىڭ كۆلىمى 200 مىليون دوللار يۇمشاق قەرز، 50 مىليون دوللار قاتتىق قەرز بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا گۇيجۇ، يۈننەن، گۇاڭشىدىكى 35 نامرات ناھىيىنى يۆلەشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ تۈرلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن 3 مىليون 500 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دۇنيا بانكىسىنىڭ چىنلىڭ ـ باشەن تاغلىق رايوندىكى نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىمۇ جىددىي ئىشلەنمەكتە، تۈرلەر يولغا قويۇلسا، سىچۇەن، شەنشى، نىڭشيادىكى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن 26 نۇقتىلىق نامرات ناھىيىدىكى 2 مىليون 600 مىڭ ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنىمۇ مۇقىم ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتتە زور يوشۇرۇن كۈچ بار، ئىستىقبالى پارلاق، بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

نامراتلىق ئۈستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، چېگرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەكشى، ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئىش، ۋەزىپە مۇشەققەتلىك، ئەھمىيىتى زور. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش

توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي بوشاشماستىن ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، دۆلەتكە توھپە قوشۇپ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بۇ ئالىي ئىشنى چوقۇم ئورۇندىيالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن**
**خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىرقانچە مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە

ۋاڭ ماۋلىن

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، خۇنەن ئۆلكىسىدە ”يۈز يېزا، مىڭ كەنت، ئون مىڭ ئائىلە“ نىشان قىلىنغان بىر قېتىملىق يېزا ئىگىلىك چوڭ تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. مەن 11 ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسى بويىچە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم يېزا، كەنت ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشۈمنى ئاساس قىلىپ، خۇنەنگە خىزمەتكە كەلگەندىن بۇيان پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزەمنىڭ بەزىبىر كۆزقاراش ۋە خىياللىرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بولغان ئاساسىي باھا**

تەكشۈرۈشنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بېرى، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى، تەرەققىياتى ساغلام بولغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا، نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاما بىزگە يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۆت جەھەتتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك كۆچەيگەنلىكىنى دەپ بەردى. بىرىنچىدىن، ئىدىيىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ تاماملىنىشى ۋە پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى شەكىلۋازلىق قىلىدىغان ئىشلار ئىنتايىن ئاز قالدى؛ ئىككىنچىدىن، ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ئاكتىپلىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىلىم-پەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي شارائىتلىرى كۈنسايىن ياخشىلىنىپ بارماقتا. تۆتىنچىدىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خىزمەت ئاساسى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار مۇشۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيانقى يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك بىرنەچچە مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئىنكاس قىلدى، ئۇلار: 1. دېھقانلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسى

يېتەرلىك دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلمىدى؛ 2. ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمىدى؛ 3. يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلالمىدى.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى داۋلىلىق. بۇ يىللار مابەينىدە يېزا ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ مەلۇم ئىلگىرىلەشلەرگە قول يەتكۈزدى، كەڭ دېھقانلارنىڭ بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، پەن-مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋاستىسى ۋە شەكلى كۈنسايىن زامانىۋىلاشتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن ياخشى ئىجادىيەت ۋە ياخشى نەمۇنىلەر ۋۇجۇدقا چىقتى. لېكىن يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشماسلىق، دېھقانلارنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك ئەھۋالىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلە ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ بوشاپ كېتىشى، ئەدەب-ئەخلاقنىڭ چېكىنىشى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئازىيىشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ئەھۋالىنىڭ ناچارلىششى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە.

گەرچە يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما چوڭقۇر قاتلامدىن تەكشۈرسەك، مېنىڭچە، ئالدىمىزدا ياخشى پۇرسەت ۋە ياخشى ۋەزىيەتمۇ تۇرۇپتۇ، يېڭى بۆسۈش پەيدا بولماقتا. بىر تەرەپتىن، شۇ بىرنەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق بولۇپمۇ بىرمۇنچە ئەگرى-توقايلىقلار ۋە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتمىسا بولمايدىغان ۋاقىتقا كەلگەنلىكىنى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ھېس قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ تونۇشىدا يېڭى سەكرەش شەكىللەندى ۋە شەكىللەنمەكتە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ دېھقانلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردا مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى تەلەپلەر پەيدا بولدى، بۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇقەررەر يۈزلىنىشتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. بۇلتۇر ئىككىنچى يېرىم يىلدىن تارتىپ، ئۆلكىمىزدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىمىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن «يېزىلاردا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكىرلەر»نى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «يېزىلارغا قارىتىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەققىدە ئوقۇشلۇق»نى تۈزۈپ تارقاتتۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق قىلىنىدىغان 100 كىنونى قويۇشقا تەشكىللىدۇق، 7 مىليون ئادەم سەھنىگە چىققان ئاممىۋى ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ۋە بىر مىليون كىشى قاتناشقان زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردۇق، بۇلار جەمئىيەتتە بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ ئىنكاس قوزغىدى، دېھقانلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە يەنە يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن دېھقانلار، بۇ يىل باھار بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ

هال-ئەھۋال سورىشى كۆپەيدى، كەنتلەرگە ئويۇن ۋە كىنو ئەكىلىپ قويۇش كۆپەيدى، دەپ ئىنكاس قىلدى. بۇ ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈردىكى، بىز پەقەت كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلىيەلىسەك، ياخشى تەشكىللىيەلىسەك، ياخشى جارى قىلدۇرالىساقلا، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتقىلى بولىدۇ.

**2. يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ چىقىرىش كېرەك**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، گەرچە كەڭ دېھقانلارنىڭ پەننى ئۆگىنىش، پەننى تەتبىقلاش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تاۋار ئېڭىلىكى، بازار ئېڭىلىكى ئېگى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسىم يەرلەر يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا، دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسى، ئاساسەن يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە توختاپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم ياش دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە چېكىنىش پەيدا بولدى، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: دۆلەت قارىشى، كوللېكتىپ قارىشى ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىزلىشىپ، پۇلپەرەسلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى؛ ئېگىلىك يارىتىش روھى ۋە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ئاجىزلاپ، تەييار تەلەپلىك ۋە ئوغرىلىق هادىسىلىرى كۆپەيدى؛ بىر قىسىم ياش دېھقانلارنىڭ روھىي دۇنياسى قۇرۇق بولۇپ، ساغلام بولمىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشلارغا بېرىلىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىر قىسىم جايلاردىكى ناتوغرا قىلىقلار ۋە خۇنۇك خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن، قىمارۋازلىق قىلىش، فېئوداللىق خۇراپاتلىققا ئىشىنىش، ئۇرۇقداشلىق بولۇپ كالتەكلىشىش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار يېزىلاردىكى تۈت چوڭ ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئاز بىر قىسىم جايلاردىكى ئۇرۇقداشلىق كۈچلىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا، ھەتتا ئۇرۇقداشلىق كۈچلىرىنىڭ يېزا-كەنتنىڭ سايلام ئىشلىرىغا كاشىلا قىلىشىدەك ئىشلارمۇ يۈز بەرمەكتە. بۇ مەسىلىلەر ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جىددىيلىكىنى يان تەرەپتىن ئىنكاس قىلماقتا.

يېزىلاردىكى ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ دېھقانلار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى تەربىيىدە. شۇنداق دېيىش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئۆلگىمىزدە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى، نۇرغۇن نەمۇنىلەر ۋۇجۇدقا چىقتى. مەسىلەن، شاۋياڭ شەھەر ئەترايى رايونى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشنى يېزىلاردا ھەربىر كەنت، ئائىلىلەرگىچە قانات يايدۇردى؛ ۋاكچېڭ ناھىيىسى لىي فېڭنىڭ يۇرتىدا لىي فېڭدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى؛ يۆياڭ ناھىيىسى ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق دېھقانلارنى يېتىشتۈردى؛ خۆەيخۇا ۋىلايىتى قوش مەدەنىيەت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى، ۋە باشقىلار،

يېزىلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا شۇنداق ئەھۋاللارنىمۇ كۆردۈم: نۇرغۇن ناھىيە، يېزىلار قانۇن بىلەن كەنت باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىنى ئېنىق تۈزۈملەر بىلەن چەكلەپ تۇرىدىغان بولدى، كەنتلەردە خەلق مۇرەسسە كومىتېتى، ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، خوتۇن-قىزلارنىڭ قىمارنى چەكلەش ئەترىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ قۇرۇلدى، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ دەرۋازىسىغا يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەدەنىيەتلىك ئائىلە، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىغان ئائىلە، پەن-تېخنىكىدا ئۈلگىلىك ئائىلە، ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئائىلە دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان قىزىل تاختىلار ئېسىلدى، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك "بەشتە ياخشى ئائىلە"نى باھالاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. يۇقىرىقىلار يېزىلاردىكى ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنداقتا، نېمىشقا بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىدا چېكىنىش كېلىپ چىقتى؟ مېنىڭچە، ئاساسلىق سەۋەب دېھقانلارغا ئېلىپ بارغان تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولمىغان، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا نۆۋەتتە دېھقانلارغا بولغان تەشۋىقات-تەربىيىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ ئۇسۇلى، ۋاستىسىغىچە مەلۇم دەرىجىدە "يۇملاق-تۇملاق قىلىپ تۇتۇش" مەسىلىسى مەۋجۇت. مەسىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر دېھقانلار ئارىسىدا نەزەرىيە ئۆگىنىش، "ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسى" قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، "ناھىيىدە قىزىپ، يېزىدا سوۋۇپ، كەنتتە توڭلاپ قېلىش" سەۋەبلىك، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى نۇرغۇن جايلاردا تەسكە توختايدۇ؛ تېلېۋىزورغا ئوخشاش زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى كۈنسايىن ئومۇملىشىۋاتقان ھەمدە تەشۋىقات-تەربىيە جەھەتتە مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل تەربىيىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىدىيىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا يېقىنلىق دەرىجىسى ئاجىز، قاتلامغا بۆلۈپ تەربىيىلىشى يېتەرسىز بولماقتا. يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەچكە، دېھقانلارغا نىسبەتەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ مەخسۇس ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش تەسكە توختىماقتا؛ نۆۋەتتە بىرقەدەر چىڭ تۇتۇپ ئۆتكۈزۈۋاتقان يىلدا بىر قېتىملىق يېزا كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىشلىق تەربىيىلىنىشىدىمۇ، پەقەت تايانچلارلا چىڭ تۇتۇلدى، تەربىيىلىنىش دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمىدى، كەنت، ئائىلىلەرگىچە تەربىيە ئېلىپ باردۇق دېيىش تېخىمۇ تەس.

بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆۋەندىكىدەك يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىرنەچچە تولۇق پائالىيەتلەرنى كۆپرەك كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشنى كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ، بۇ پائالىيەتنى نۇقتىدىن ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتكەن ھالدا ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دېھقانلارغا مەركەزلىك ھالدا ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، "ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم" تەربىيىسى بىلەن "ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى، ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق" تەربىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا نەتىجىلىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەتلىك يېزا-بازار، مەدەنىيەتلىك كەنت، مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىستىلى، خەلق ئىستىلى

قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، كىنو، تېلېۋىزور، تىياتىر ئۆمەكلىرىگە ئوخشاش مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە پەن-تېخنىكا تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، "مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، يېزىلاردىكى رەزىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تۈزەش ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا توغرىلاپ، داغدۇغا پەيدا قىلىپ، كۈچ چىقىرىپ ھەل قىلىشىمىز، نۇقتىلىقى "سېرىققا زەربە بېرىپ، قانۇنسىزلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلاش"قا بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى رەزىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تۈزىتىشىمىز ھەمدە بۇنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

**3. ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشى بولۇپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يەقەت دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.**

تەكشۈرۈش جەريانىدا مەن مۇنداق بىر ئىشنى بايقىدىم، ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھاللىق سەۋىيە نىشانىغا بولغان تونۇشىدا بولسۇن ياكى تەشكىلىنىڭ دېھقانلار ئامىمىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم تاشلىشىنى تەشكىللەش، يېتەكلەشتىكى كونكرېت خىزمەتلىرىدە بولسۇن، بەزى ئېغىشلار مەۋجۇت ئىكەن. بۇ ئاساسلىقى ھاللىق سەۋىيە نىشانىنى پەقەتلا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نىشانى دەپ چۈشىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھاللىق سەۋىيە نىشانىدىن ئاجرىتىپ قارىغانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنى بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەش بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مەركىزىي ۋەزىپىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم تاشلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇشۇنداق بىر چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تۇتۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كەسىپلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. كەسىپلەشتۈرۈش ئارقىلىق كەڭ دېھقانلارنى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈستىدە باغلاش، كىچىك دېھقان ئائىلىلىرىنى چوڭ بازار بىلەن باغلاش كېرەك. مۇشۇنداق بىر جەرياندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ئېلىپ بارغىنىمىزدا، ئەڭ مۇھىمى، دېھقانلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، بازارغا يۈزلىنىشىگە ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى نۆۋەتتە بىزنىڭ يېزا ئىقتىسادى ئۈچۈن، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە، پەقەت ياخشى بىرلەشتۈرسەكلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا نى-نى

ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن شىياڭشى ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى دېھقانلارنىڭ يەرمەنكىگە بېرىش ئىشى ھەم بىر خىل ئىقتىسادىي ھادىسە، ھەم بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار يەرمەنكىگە بېرىشنى "بىلىم يەرمەنكىسىگە بېرىش"، "ئۈچۈر يەرمەنكىسىگە بېرىش"، "سىياسەت يەرمەنكىسىگە بېرىش" ۋە "كۆڭۈل ئېچىش يەرمەنكىسىگە بېرىش" دەپ ئاتىماقتا. شىياڭشى ئاپتونوم ئوبلاستى يەرمەنكىنى بازا قىلىپ، كۆپ خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يەرمەنكىگە بېرىشتەك ئەنئەنىۋى پائالىيەتنى تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى قىلىپ چىقتى. لېكىن ئاز بىر قىسىم جايلاردا، "ئىككى مەدەنىيەت" قۇرۇلۇشى تېخى دېگەندەك ياخشى بىرلەشتۈرۈلمىگەن بولۇپ، باشقا-باشقا ئىككى ئىش بولۇپ تۇرماقتا. ھازىر دېھقانلار دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، ئۇلار يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى سېتىۋېتەلەيدىغان بولۇشى، ئۇنى سېتىۋېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ياخشى باھادا ساتالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر، تېخنىكا، سېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت، بەكرەك قىلىپ ئېيتقاندا بازارلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسى مەسىلىسى مەۋجۇت. بىراق، يېزىلاردا ئۇچۇر، ئىختىساسلىق خادىملار، تېخنىكا كەمچىل، بازارلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىشى تەسكە توختىماقتا. بۇ رېئال مەسىلىلەرنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ھەل قىلماستىن، قۇرۇق سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىۋەرسەك، ئەلۋەتتە دېھقانلار قارشى ئالمايدۇ، ئۇنداق تەربىيىدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلالماسلىقىمىز مۇقەررەر.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋاستە بولۇپلا قالماستىن، نىشان بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. "ھاللىق سەۋىيە" ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەزمۇنلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پەقەت ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، تەكشۈرۈش جەريانىدا مەن ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم يولداشلارنىڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. نۇرغۇن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا "تەسىر يەتمەيدىغان جاي" لار مەۋجۇت بولۇپ، بۇنداق جايلار ئادەتتە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 10% ئەتراپىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ كەنتلەردە رادىئو، تېلېۋىزورلار ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشمىغان، مەدەنىي تۇرمۇشنى قۇپقۇرۇق دېسىمۇ بولىدىغان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ "قارىغۇ رايونى"غا ئايلانغان. بۇ جايلاردا ھاللىق سەۋىيە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەيلى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە، مېنىڭچە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى توپ قىبلىنامە قىلىش، دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئومۇمىي نىشان قىلىش، مەدەنىيەتلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقىشنى ئاساسىي تۇتقۇچ قىلىش قاتارلىقلاردا چىڭ تۇرۇشتىن باشقا يەنە كەڭ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ھەمدە ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشنى زىچ جۈرىدىگەن ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك، پەقەت مۇشۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى ھەم "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" فاڭجېنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**4. يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشنىڭ ئاچقۇچى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىدۇر**

يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ۋۇجۇدقا چىققان نۇرغۇن مەسىلىلەر، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن سېلىنمىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان. ھازىر شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ. شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېزىلاردىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ مەدەنىيەت خىراجىتى ئاز، قوشۇنى چېچىلاڭغۇ، جېنىدىسى ئۆرۈلگەن، مۇئەسسەسەلىرى ناچار، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ئاز بولۇشتەك مەسىلىلىرى گەۋدىلىك بولماقتا. تەكشۈرۈشلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىدىلىك مالىيەلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان سېلىنمىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئازىيىش ھالىتىدە تۇرماقتا. چاڭشا ناھىيىسى ئۆلكىمىز بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان ناھىيە بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت، رادىئو ئىشلىرىغا بولغان سېلىنما جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىككى ساھەنىڭ خىراجىتىنى 1994-يىلدىكى 600 مىڭ يۈەندىن 1995-يىلدىكى 897 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن، لېكىن بۇ سومما مەزكۇر دەرىجىدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ پەقەت 5 . 0 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىگەن بولۇپ، روشەنكى بۇ ئىنتايىن ئاز. بۇ مەسىلە ئايرىم ھادىسە بولماستىن، بەلكى يېزىلاردىكى ئومۇمىيلىققا ئىگە مەسىلىدۇر. خۇددى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئوخشاشلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ، پەقەت سېلىنما بولغاندىلا ئاندىن ھاسىلات بولىدۇ. سېلىنمىنى كۆپەيتىشتىن چەتلىگەندە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سېلىنمىنى كۆپەيتىشتە كۆپ خىل يول ئېچىش، سىياسەتتىن ئۈبدان ۋە تولۇق پايدىلىنىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىش كېرەك.

بىرىنچى، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. چېيەنياڭ ناھىيە-

سى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى يېزا مەدەنىيەت ئىسلاھاتى سىناق رايونى. بۇ ناھىيە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان تاغ رايونى يېزا ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەدەنىيەت سارىيى ۋە پۇنكىتلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت ئاساسىي گەۋدىلىرى قۇدىلىشىش، ئۈچ دەرىجە بويىچە مەبلەغ سېلىپ يېزا، كەنت، ئائىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت تورىنى شەكىللەندۈرۈش، يەككە ياكى پاي تۈزۈمى بويىچە مەدەنىيەت پۇنكىتى مۇئەسسەسىنى قۇرۇش ۋە كونا شەھەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەت سودا-سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتتى. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ كۆچىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىنى ”مەدەنىيەتنىڭ چىقىمىنى مەدەنىيەتنىڭ كىرىمى بىلەن قامداش“نى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىشى لازىم. مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا كېلىپ چىققان ئارتۇقچە خادىملارغا نىسبەتەن ئەمگەك-كادىر ئىشلىرى تارماقلىرى ياردەملىشىپ ئۇلارنى مۇۋاپىق رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك مالىيىلەر سېلىنمىنى كۆپەيتىشى كېرەك. يېزا مەدەنىيەت، رادىئو ئىشلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نورمال خىراجىتىنى مالىيە خامچوتىغا كىرگۈزۈش كېرەك. بىز شۇنداق تەلەپنى قويدۇقكى، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، سېلىنما چوقۇم شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 3 پىرسەنتىنى ئىگىلىشى، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرمۇ 1 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى، سېلىنمىنىڭ يىللىق ئېشىپ بېرىشىمۇ مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. مەدەنىيەت، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە نىسبەتەن، پىلان كومىتېتى ئۇلارنى يىراق كەلگۈسى پىلانىغا ۋە يىللىق پىلانلارغا كىرگۈزۈشى، ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى مەبلەغلىرىدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغلىرى مەلۇم قىسمىنى ئىگىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، تەشۋىقات، مەدەنىيەتكە قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت ۋە يەرلىك باج تارماقلىرى يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كىرىم قىلىش ھەرىكەتلىرىگە نۇقتىلىق ھالدا ئېتىبار بېرىشى، بولۇپمۇ ”مەدەنىيەت، تەشۋىقات ئىدارىلىرىنىڭ تاپشۇرغان تاپاۋەت باجلىرى ۋە قوشۇلما قىممەت باجلىرىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن مەدەنىيەت، تەشۋىقات ئىدارىلىرىگە قايتۇرۇش“ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

4) يېزا-بازارلارنىڭ بىر تۇتاش يىغىۋېلىش پۇلىغا يېزا مەدەنىيەت تۈرلىرىنى كىرگۈزۈپ، مەلۇم نىسبەتتىكى پۇلنى ئاجرىتىپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئاممىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق

قىلسا بولىدۇ. يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا مەدەنىي تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ بىر تۇتاش يىغىۋېلىش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش كېرەك، بۇنى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاتقانلىق، دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سالغانلىق دەپ قارىماسلىق كېرەك.

بەشىنچى، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ھازىر نامرات تاغ رايونلىرىدىكى كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىك ئىنتايىن ئاجىز. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىمۇ 20% ئەتراپىدىكى كەنتلەردە كوللېكتىپ ئىگىلىك يوق بولۇپ، بۇ سان نامرات تاغ رايونلىرىدا 60% كە، ھەتتا بەزى جايلاردا 80—90% كە يېتىپ بارىدۇ. بەزى كەنتلەردە ھەتتا بىر پارچە لوزۇنكا يېزىش ئۈچۈنمۇ دېھقانلاردىن بىر تۇتاش پۇل يىغىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆلكىمىز 2-3 يىل ۋاقىت ئىچىدە ھەر بىر كەنت يىلىغا 5000 يۈەندىن ئارتۇق ساپ كىرىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشقىمۇ ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ.

**مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پەقەت پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت تەڭ تۇتۇپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ**

يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزا-كەنتلەردە، ئاچقۇچى ناھىيەلىك، شەھەرلىك پارتكوملاردا، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى بولسا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا مەن قەيەرنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت بىرىنچى قول باشلىقلىرى "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش"نى ئىشقا ئاشۇرالىغان بولسا، شۇ يەرنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چاڭشا ناھىيىسى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، مەملىكەت بويىچە مائارىپ خىزمىتىدىكى "ئىككى ئاساسىي نىشان" بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە، مەملىكەت بويىچە پەن-تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك 100 ناھىيىنىڭ بىرى. مەزكۇر ناھىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتمۇ چىڭ قائىدە دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ قەدەمدە پىلانلاشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ قاتتىق تۇرلەرگە كىرىدۇ دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نىشانىمۇ قاتتىق كۆرسەتكۈچ دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىرقانچە يىلدىن بېرى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە پەقەت مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈنلا 580 مىليون يۈەن سېلىنغان بولۇپ، يېڭىدىن سېلىنغان كۇتۇپخانا 106 گە، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى 198

گە، تەنتەربىيە پائالىيەت ئورنى 1052 گە يەتكەن. بىراق، بەزى ناھىيىلەرنى تەكشۈرگەن چېغىمىزدا، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ "بىرىنچى قول باشلىقلىرى" ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندا بۇنداق قىلمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ مۇنداق دېدى: ناھىيە رەھبەرلىرى يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى دوكلات قىلغاندا دەپلا قويىدۇ، پىلان تۈزگەندە قوشۇمچە قىلىپ قويىدۇ، خىزمەتنى تەكشۈرگەندە سوراپلا قويىدۇ، نەمۇنىلەرنى ئىزدىگەندە تۇتۇش قىلىپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ھەقىقىي تۇتۇپ، راۋرۇس ئىشلەش غەيرىتى يوق.

يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پەقەت تەشۋىقات مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. مەسىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قوشۇنى، جېدىسى، پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نۆۋەتتە بەزىبىر يېزا-كەنتلەردە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا ھەم بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم، ھەم خىراجەت، جېدى ۋە ۋاستە يوق. يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا، سىنئالغۇ زالى دېگەنلەر ھەر ھالدا بار، مۇتلەق كۆپ قىسىم كەنت-گۇرۇپپىلاردا بۇنداق شارائىتلارمۇ يوق، بەزى جايلار ھەتتا تېلېۋىزورمۇ كۆرەلمەيدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىكتە تۇتۇش قىلىشى، يۇقىرى-تۆۋەننىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ماسلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ باشچىلىقىدا، پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۆگىنىشى، يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش، مەسىلىلەرنى ئاناتومىيە قىلىش ئاساسىدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بىر تۈركۈم ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت جېدىلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە شەھەر دەرىجىلىكلەر بىر تۈركۈم ئۆلكە دەرىجىلىك ئىلغار مەدەنىيەتلىك ناھىيىلەرنى تۇتۇشى كېرەك. مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر تەشۋىقات، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى، قوشۇننى ساغلاملاشتۇرۇشنى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا-بازارلار بىر يېزا بىردىن مەھسۇلاتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشى، يەنى ھەر بىر يېزا-بازار ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەلنەغمە سەنئىتى، مۇزىكا ئەترىتى، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشى، ئاممىباب

تەنتەربىيە، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتاب ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ بىر ياكى ئىككى تۈردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە سەۋىيە يارىتىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئۆلكىمىزنىڭ خۋاگۇ تىياتىرى، مياۋجۈي ئوپېراسى، تۇڭشى تىياتىرىغا ئوخشاش يەرلىك ئەنئەنىۋى تىياتىرلىرىنى ئامما ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، بۇ تىياتىرلار يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتا، چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇنى قوغداپ، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەپ ياشنىتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرمەنكىگە چىقىش، بازارغا بېرىش، كۆزلۈك بازارغا چىقىشقا ئوخشاش بايراملىرىغا نىسبەتەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنىنى ئەلنەغمە، تاغ ناخشىلىرى، تىككىلتاك قاتارلىق ئويۇنلارغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەربىيىنى كۆڭۈل ئېچىشقا سىڭدۈرۈش، يېزىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تېما قىلغان ياخشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئىجاد قىلىپ، ئاممىباب مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، تەشۋىقات-مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك تەشۋىقات-مەدەنىيەت كادىرلىرىنىڭ ئىشتاتىدا بوش ئورۇن كۆپ بولۇش، قوشۇمچە ۋەزىپىلىرى كۆپ بولۇش، يېشى چوڭ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك بولماقتا. بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەدەنىيەت-تەشۋىقات كادىرلىرىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

(ئاپتور جۇڭگو كومپارتىيىسى خۇنەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

0 1>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373　定价:1.80元　邮政编码 100013